# 2255 ـ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى يېزىلغان تۇمار بىلەن ھاجەتخانىغا كىرىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

ئايالىمنىڭ بويىنىدا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى يېزىلغان تۇمار بولۇپ، ئايالىم تۇمار ئاسقان ھالىتىدە ھاجەتخانىغا كىرسە توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بۇ تۆردىكى ئىشلار ئاللاھنىڭ كالامىنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە تۆۋەن كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئان كىرىم ئايەتلىرى يېزىلغان تۇمار بولسۇن ياكى ھەرقانداق بىر نەرسە بولسۇن ئۇنى ھاجەتخانىغا بىرگە ئېلىپ كىرىشكە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئايالىڭىز ھاجەتخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن بويىندىكى تۇمارنى ئېلىۋېتىشى كېرەك، بىزنىڭ نەسىھىتىمىز: ئايال بولسۇن، كىچىك بالا بولسۇن ياكى ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ياكى پاناھلىق تىلەش توغرىسىدا بىر نەرسىلەر يېزىلغان تۇمار دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى بويىنغا ئاسماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمىز، گەرچە ئۇنى ھاجەتخانىغا بىرگە ئېلىپ كىرمىگەندىمۇ، ئۇنىڭدا شېرىككە چۈشۈپ قىلىش ئېھتىماللىقىدىن ئىبارەت خەتەرگە يېقىندۇر.